# 10175 - بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا سەپەر قىلىشنىڭ شەرتلىرى

## سۇئال

بەزى ياشلار دوختۇرلۇق ۋە باشقا بىلىملەرنى ئىگەللەشنى مەقسەت قىلىدۇ، لېكىن بۇ جەرياندا قىز-ئوغۇللارنىڭ ئارىلىششى ۋە سىرىتلارغا سەپەر قىلىش دېگەندەك قىيىنچىلىقلار بار، بۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ ئاشۇ مەقسەتتىكى ياشلارغا قانداق نەسىھەت قىلىسىلەر؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مېنىڭ دوختۇرلۇق ۋە باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلىۋاتقان ياشلارغا قىلىدىغان نەسىھەتىم:
ھەقىقەتەن بىز يۇرتىمىزدا بۇ بىلىملەرگە بەك ئېھتىياجلىق، قىز-ئوغۇللارنىڭ ئارىلىشىپ ئوقۇشىغا كەلسەك، ئاللاھغا شۈكۈرلەر بولسۇن يۇرتىمىزدا ئىنسان كۈچىنىڭ يېتىشچە بۇنىڭدىن ساقلىنىشقا قادىر بولالايدۇ.

ئەمما سىرتقا يەنى كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا سەپەر قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن ئۇ يۇرتلارغا سەپەر قىلىشنى مەلۇم شەرتلەر بىلەن بولىدۇ دەپ قارايمەن:

بىرىنچى: شۇ ئىنساننىڭ شەك-شۈبھىلەرنى رەت قىلالىغۇدەك دىنى سەۋىيەسى بولۇشى كېرەك، چۈنكى كاپىرلارنىڭ يۇرتلىرىدا مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنى ئۆز دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك شەك-شۈبھىلەرنى كەلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى: ئىنساننىڭ ئۆز شەھۋىتىنى توسۇيالىغۇدەك بىلىم سەۋىيەسى بولۇشى كېرەك، دىنى-ئىمانى ئاجىز كىشىلەر ئۇ يۇرتلارغا سەپەر قىلماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ نەپسى شەھۋىتى غالىپ كېلىپ ئۇنى ھالاكەتكە ئېتىتىرىدۇ.

ئۈچىنچى: سەپەر قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغان بولۇشى، ئۇ ئۆگەنمەكچى بولغان بىلىمنىڭ ياكى كەسپىنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىدە بولماسلىقى.

بۇ ئۈچ تۈرلۈك شەرت تېپىلغاندا سەپەر قىلسا بولىدۇ، بىرەر شەرت تېپىلمىسا سەپەر قىلىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ دىنىنى ساقلىشى باشقا ئىشلارنى ساقلاشتىن مۇھىم بولىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ "پەتىۋالار توپلىمى" 3-توم 28-بەتكە قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.